# ئۈرۈمچىنىڭ گۈزەل كېچىسىدە يۈگۈرۈش

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى
جاڭ شياۋلۇڭ، جاۋ گې، ئا مەن

كەچ سائەت 9 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا تېخى قاراڭغۇ چۈشمىگەن بولۇپ، ھاۋا سوغۇقمۇ ئەمەس، ئىسسىقمۇ ئەمەس ئىدى.

«7 - ئاي ھەقىقەتەن كېچىدە يۈگۈرۈشنىڭ ياخشى ۋاقتى ئىكەن!» يامالىق تېغى يۈگۈرۈش ئۆمىكىدىكى 12 يۈگۈرۈش ھەۋەسكارى پىيادىلەر يولىنىڭ يېنىدىكى ئوچۇقچىلىقتا بىر تەرەپتىن بەدەن قىزىتىپ، بىر تەرەپتىن پاراڭلىشىۋاتاتتى. يۈگۈرۈش ئۆمىكى ھەر ھەپتىدە ئاز دېگەندىمۇ ئىككى قېتىم ئەتىگەندە يۈگۈرۈش ياكى كېچىدە يۈگۈرۈشنى تەشكىللەيتتى.

يۈگۈرۈش ھەۋەسكارلىرى يامالىق تېغى ئېتىكىدىكى چىڭفېڭ يولىنى بويلاپ ئۇزۇن سەپ بولۇپ تىزىلىپ، تەكشى سۈرئەتتە يۈگۈرۈۋاتاتتى.

سەپتىكى بەزىلەر كەسپىي يۈگۈرۈش ئايىغى، تېز قۇرۇيدىغان تەنھەرىكەت كىيىملىرىنى كىيىپ، بويىنىغا تەنھەرىكەت تىڭشىغۇچىنى ئاسقان بولسا، بەزىلىرى يەنىلا كۈندۈزى ئىشلىگەندە كىيگەن مايكىسى ۋە پادىچىلار ئىشتىنىنى كىيىۋالغانىدى. قۇرۇلغىنىغا ئەمدىلا ئۈچ ئاي بولغان بۇ ئىشتىن سىرتقى يۈگۈرۈش ئۆمىكىدىكى يۈگۈرۈش ھەۋەسكارلىرىنىڭ ياش پەرقى 50 ياشقا يېقىنلىشاتتى. بېشىغا قارا قاچىيا تاقىغان، قەددى - قامىتى قاۋۇل كەلگەن ئۆمەك باشلىقى لياڭ بو چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشتىن سىرتقى ماھىرلار، ھەمراھ بولۇپ يۈگۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلەتكىلى بولمايدۇ».

يۈگۈرۈپ 30 مىنۇتتىن كېيىن، بىر قىسىم يېڭىدىن ئەزا بولغان يۈگۈرۈش ھەۋەسكارلىرىنىڭ سەپتىن چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلدى.

«غەيرەت قىلىڭلار! بەرداشلىق بېرىڭلار! سەپتىن چۈشۈپ قالماڭلار!» كەسپىي بەدەن چېنىقتۇرۇش تىرېنېرى، يۈگۈرۈش ھەۋەسكارى خې شۈچيېڭنىڭ سىچۇەن شېۋىسىدىكى پۈتۈڭخۇادا تۇۋلىشى بىلەن، خېلى ئۇزاققا سوزۇلغان سەپتىن كۈلكە ساداسى كۆتۈرۈلدى. خې شۈچيېڭ ئەتەي سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، سەپنىڭ ئارقىسىدا قالغانلارغا ھەمراھ بولۇپ يۈگۈردى. سەپتىن چۈشۈپ قېلىشقا ئازلا قالغان يۈگۈرۈش ھەۋەسكارلىرى ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ، قولنى پۇلاڭلاتقىنىچە يېتىشىپ كېلىۋاتاتتى.

بىلىپ - بىلمەي ئاسماننىڭ رەڭگى سۇس كۆك رەڭدىن قارامتۇل كۆك رەڭگە ئۆزگەردى، تاغقا ياندىشىپ سېلىنغان ئېگىز قەۋەتلىك تۇرالغۇ ئۆيلەر ئارقا - ئارقىدىن يورۇدى، كوچىلاردا ئۇياقتىن - بۇياققا قاتناۋاتقان ئاپتوموبىللارنىڭ ئېقىمى ئۈزۈلمەيتتى، كوچا بويىدىكى ئۆگرىخانا، كاۋاپخانا ۋە خوگو ئاشخانىلىرىنىڭ سودىسى قىزىپ كەتكەن بولۇپ، پۈتكۈل شەھەرنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىگەندەك قىلاتتى.

يۈگۈرۈش قوشۇنى چىڭفېڭ يولىنىڭ ئەڭ شىمالىدىن جەنۇبقا قاراپ كەينىگە قايتىپ يۈگۈردى، بۇ يول پۈتۈنلەي كۈچ كېتىدىغان دۆڭ ئىدى. 51 ياشلىق لىيۇ يەنچىڭ يۈگۈرۈش سۈرئىتى ۋە نەپەسلىنىش قېتىم سانىنى مۇقىم كونترول قىلدى، ئۇ ئالتە يىل ئىلگىرى كېچىدە يۈگۈرۈشنى باشلىغان بولۇپ، يۈگۈرۈش ئۆمىكىدىكى نۇرغۇن يۈگۈرۈش ھەۋەسكارلىرى ئىلگىرى ئۇ كېچىدە يۈگۈرگەندە ئۇنىڭ بىلەن ياندىشىپ ئۆتۈپ كەتكەن تونۇش چىرايلار ئىدى.

كەچ سائەت 10دىن 30 مىنۇت ئۆتەي دېگەندە، 12 ئادەم بەدەن قىزىتقان بوش يەرگە ئارقا - ئارقىدىن قايتىپ كەلدى. لياڭ بونىڭ يېتەكچىلىكىدە، كۆپچىلىك ئېڭىشىپ، بەللىرىنى ئېگىپ، قولى بىلەن مۇسكۇللىرىنى يېنىك ئۇرۇپ، ھەرىكەتتىن كېيىنكى سوزۇلۇش ھەرىكەتلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلىدى. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بەزى پىيادىلەرمۇ توختاپ، ئۇلارغا قوشۇلدى.

«ھەرىكەت قىلىشتا ئەڭ قىيىن بولغىنى داۋاملاشتۇرۇش، بۈگۈن يەنە بىر قېتىم ئۆزىمىز ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇق.» لياڭ بو يۈگۈرۈش ھەۋەسكارلىرىغا قىزغىنلىق بىلەن مەدەت بەردى. 45 ياشقا كىرگەن ئۇ پۇل مۇئامىلە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، تۆت يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى زىيادە ئېشىپ كەتكەنلىكتىن بېشى قاتقانىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ «تاغقا دەرەخ تىكىش» قۇرۇلۇشىنى سىجىل يولغا قويۇشى بىلەن، يامالىق تېغىنىڭ كۆكەرتىش كۆلىمى زور ھەجىمدە ئاشتى. تېز ئالغا سىلجىتىلغان شەھەر كۆكەرتىش ۋە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى زور تۈركۈمدىكى چېنىقىش كوللېكتىپلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تېزلەتتى.

«بىز ھەممەيلەن يامالىق تېغىنىڭ جەنۇبىدا ئولتۇرىمىز، تاقىر تاش تاغنىڭ بۈك - باراقسانلىققا تولغان ئورمان بەلبېغىغا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈپ تۇردۇق.» لىيۇ يەنچىڭ مۇنداق دېدى: شۇ چاغدىن تارتىپ، تاكى لياڭ بو ۋېيشىن توپىدا كۆپچىلىكنى بىر يەرگە جەم قىلغانغا قەدەر ئىشىك ئالدىدا چېنىقىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى.

«‹باگاڭ› ‹لۈگۈ› ‹ياشەن›، ئۈرۈمچىدىكى تونۇش بولغان بۇ يەر ناملىرىمۇ يۈگۈرۈش ئۆمەكلىرىنىڭ نامى بولدى.» لياڭ بو مۇنداق دېدى: يېقىنقى ئۈچ - بەش يىلدا، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى نۇرغۇن رايونلاردا پىيادىلەر يولى ۋە ھەرىكەت قىلىش مەيدانلىرى ياسالدى، ھەرقايسى ئولتۇراق رايون، مەھەللىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئاھالىلەر ئۆزلۈكىدىن قۇرغان يۈگۈرۈش ئۆمەكلىرى بار، نۇرغۇن يۈگۈرۈش ئۆمەكلىرى ئارا يەنە قەرەلسىز مۇسابىقىلەر تەشكىللەندى.

مۇخبىرلار جاي - جايلاردىن كەلگەن يۈگۈرۈش ھەۋەسكارلىرىنىڭ يۇرت شېۋىسىدە پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى ئەڭ كۆپ ھاياجانغا سالىدىغان ئىشنىڭ يەنىلا ئۆزى بىلەن ئاياغ ئاستىدىكى بۇ تۇپراقنىڭ مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنى بايقىدى: ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە «يۈگۈرۈش» بىر كەسىپ ئۈچۈن بولغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ئۈرۈمچىدە يۈگۈرۈش ساغلاملىق ئۈچۈن ئىدى.

«شىنجاڭغا، ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت بۇ شەھەرگە كۆپچىلىكنىڭ مېھرى ئىنتايىن چوڭقۇر.» سىچۇەن سۈيىنىڭدا تۇغۇلغان ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىي خې شۈچيېڭنىڭ ئۈرۈمچىدە ياشاۋاتقىنىغا 28 يىل بولدى، ئۇ ياڭراق ئاۋازدا مۇنداق جاكارلىدى: «قاراڭلار، كىملىك نومۇرۇم 65 تىن باشلانغان (شىنجاڭنىڭ كىملىك نومۇرىنىڭ باشلىنىش سانى 65) جۇمۇ!» ئادەملەر توپى ئارىسىدا كۈلكە ساداسى ياڭرىدى.

كەچ سائەت 11 لەردە، يۈگۈرۈش ھەۋەسكارلىرى كېيىنكى قېتىملىق يۈگۈرۈش ۋاقتىنى كېلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزئارا خوشلاشتى. چىڭفېڭ يولىدىكى ئىللىق كوچا چىراغلىرى قويۇق تۈن كېچىسىنى يورۇتقانىدى، پىيادىلەر ئىككى - ئۈچتىن بولۇشۇپ ياز كېچىسىنىڭ سالقىن شامىلىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتاتتى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىلا سىرتقا يەتكۈزۈلگەن توك مىقدارى 17 مىليارد 100 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، سىرتقا يەتكۈزۈلگەن توك مىقدارىنىڭ %39نى ئىگىلىدى. 2010 - يىلى شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈشتىكى بىرىنچى يول قۇرۇلۇپ پۈتكەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز تۆت يولنى قۇرۇپ پۈتكۈزدى، سىرتقا يەتكۈزۈش كۆلىمى 32 ھەسسە ئاشتى.

بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش كۆلىمىنىڭ ئېشىشى يەنە «ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش + بازارلاشتۇرۇش» سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىدىن بولدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ نۇرغۇن ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر بىلەن ھۆكۈمەتلەر ئارا شىنجاڭغا ياردەم بېرىش بويىچە ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى سىرتقا يەتكۈزۈش كېلىشىمى ئىمزالاپ، شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى 19 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرگە يەتكۈزدى، سىرتقا يەتكۈزۈش كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. بۇ يىل ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش توختام كۆلىمى 22 مىليارد 900 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، بۇلتۇرقىغا سېلىشتۇرغاندا 3 مىليارد 300 مىليون كىلوۋات سائەت ئاشتى.

شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە سودا مەركىزى چەكلىك شىركىتى سودا بۆلۈمىنىڭ مەخسۇس مەسئۇلى جاڭ جۈن مۇنداق بىلدۈردى: سىرتقا يەتكۈزۈلگەن 43 مىليارد 900 مىليون كىلوۋات سائەت توك مىقدارى 14 مىليون توننا ئۆلچەملىك كۆمۈرگە باراۋەر بولۇپ، بۇ ئارقىلىق تەخمىنەن 37 مىليون 800 مىڭ توننا كاربون (IV) ئوكسىدى، 120 مىڭ توننا گۈڭگۈرت (IV) ئوكسىدى، 100 مىڭ توننا ئازوت ئوكسىدىنى ئاز قويۇپ بەرگىلى بولىدۇ، بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش، بۇلغىما ئازايتىش ۋە تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتىدا بەلگىلىك ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

ئېنېرگىيە مەنبەسى ئارتېرىيەسىنىڭ بىخەتەر يۈرۈشۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئېلېكتر تورى يۈرۈشۈش شەكلىنى ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇھىم سورۇنلاردىكى ئۈسكۈنىلەر، توك يەتكۈزۈش لىنىيەلىرىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش ۋە يۈرۈشۈشنى ئاسراشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى يەنە «تەۋەلىك كاپالىتى + ماشىنا ئادەم ئارقىلىق چارلاپ تەكشۈرۈش» ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش يولىغا كاپالەتلىك قىلىش بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش مانېۋىرى ئۆتكۈزۈپ، يولنىڭ بىخەتەر، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يۈرۈشۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

## دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە مائارىپ ئوقۇتۇشىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە مائارىپ ئوقۇتۇشىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، لى پېڭشىن شىنجاڭ داشۆ، شىنجاڭ سىفەن داشۆ، شىنجاڭ تېببىي داشۆدە سىنىپ، كۇتۇپخانا، ئاشخانا، ياتاق قاتارلىقلارغا كىرىپ، مەكتەپ رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن پاراڭلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، مەكتەپنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، مائارىپ ئوقۇتۇشقا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» بېسىمى يەنىلا بىر قەدەر چوڭ، ئالىي مەكتەپلەر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭ تۇتۇپ، بىخۇدلۇق ئىدىيەسى، ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى، تەلەي سىناش پسىخىكىسى، بوششىپ كېتىش روھىي ھالىتىنى قەتئىي تۈگىتىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يوچۇقلارنى ئېتىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنىڭ پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشى، كونكرېت ئەمەلىيلىشىشىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، نۇقسانسىز بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە پائال تاقابىل تۇرۇپ، ئوقۇتۇش پىلانىنى ئىلمىي تەڭشەپ، ئەلالاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈلمە - مېخانىزمىنى ياخشىلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ئۇيغۇن كېلىدىغان مائارىپ ئوقۇتۇشى تەرتىپىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، مائارىپ ئوقۇتۇشى سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، مەكتەپ باشقۇرۇشنىڭ قېلىپلاشقان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ پۈتكۈزۈش، ئىشقا ئورۇنلىشىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش ۋە كۈچلۈك ياردەم بېرىش كېرەك. يازلىق تەتىلدە مەكتەپتە قالغان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش كاپالىتى ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، خىزمەت، ئۆگىنىشنىڭ خاتىرجەم، ئازادە بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى يازلىق تەتىلدە مول رەڭدار جەمئىيەت ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەر مىللەت ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا يۈزبەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ھەر تەرەپلىمە ئىگىلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىكى ئوتتەك قىزغىن ئەمەلىيىتى ۋە ئىشەنچى، ئىرادىسىنى ئىگىلەش، ھېس قىلىشقا پائال تەشكىللەپ، ئۇلارنى پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك. ئالدىن تەتقىق قىلىپ، پىلانلاپ، يازلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىش، كۈزلۈك ئوقۇش مەۋسۇمىدا ئوقۇش باشلاش، يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشى قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇش، جىپسىلاشتۇرۇش، راۋانلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. مائارىپ مەمۇرىيىتى قاتارلىق تارماقلارغا ماسلىشىپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، خىزمەت ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئادىل - ھەققانىي بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، مائارىپ ئادىللىقىنىڭ تۆۋەن چېكىنى قەتئىي قوغداش كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ بىخەتەرلىك باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈرلۈك بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپلىرىنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ۋە تۈگىتىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنداق تەكىتلىدى: قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە تەشكىلاتى رەھبەرلىكىدىكى مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەكتەپ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي ئىقتىدارىنى سىجىل كۈچەيتىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمىتىنى سىجىل كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، توغرا روھ ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈپ، چېگرانى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

بازار تەمىناتىنى ئەلالاشتۇرۇش جەھەتتە، «يولغا قويۇش لايىھەسى»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: تاۋار سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، خاس سۈپەتلىك ماركا قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ كارخانىلارنى سۈپەتنى ئاساس قىلغان سۈپەتلىك ماركا تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئورنىتىشقا يېتەكلەپ، سۈپەتلىك ماركىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى بېيىتىپ، سۈپەتلىك ماركا ئوبرازىنى يۈكسەلدۈرۈش كېرەك؛ مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئۆلچەم سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۈتۈنۈش، ئائىلە مۇلازىمىتى، ھاۋالىلىك بېقىش، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت قاتارلىق ساھەلەردىكى مۇلازىمەت ئۆلچىمىنى تۈزۈش، تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئۆلگە كۆرسىتىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ ئىمپورتنى پائال كېڭەيتىپ، ئىمپورت قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئەشيا ئوبوروتى تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، تاۋار تۈرلىرىنى موللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادىغا يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشۇش كېرەك.

ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش جەھەتتە، «يولغا قويۇش لايىھەسى»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: خاس مەدەنىيەت - ساياھەتكە سىجىل تۈرتكە بولۇپ، مەدەنىيەت - ساياھەت ئىستېمالىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەدەنىيەت - ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسى تەشۋىقاتىنى زورايتىش كېرەك؛ ھەرقايسى جايلارنىڭ مەدەنىيەت - ساياھەت، ئارام ئېلىش - كۆڭۈل ئېچىش، يېمەك - ئىچمەك، مال سېتىۋېلىش قاتارلىق كۆپ كەسىپ ھالىتى يۇغۇرما تەرەققىي قىلغان ئىستېمال توپلاشقان جاي قۇرۇشقا ئىلھام بېرىش كېرەك؛ ھۆكۈمەت سۇپا قۇرىدىغان، كارخانا يېتەكچىلىك قىلىدىغان، تور ۋە تور سىرتى يۇغۇرۇلغان، ساياھەتچىلەر قاتنىشىپ ھەمتۈرتكە بولىدىغان ھەر تەرەپلىمە كېڭەيتىش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك.

«يولغا قويۇش لايىھەسى»دە يەنە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: زور كۈچ بىلەن خاس ئىستېمال تورى قۇرۇپ، رايون خاراكتېرلىك ئىستېمال مەركىزى بەرپا قىلىش؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تۈنجى تۈركۈمدىكى پىيادىلەر كوچىسىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، نۇقتىدا سىناق قىلىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، يەرلىك خاسلىقنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىستېمال كەسپ ھالىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىر كۆزنەكلىك ئۈنىۋېرسال خاراكتېرلىك ئىستېمال سۇپىسى بەرپا قىلىش، شەكىللەندۈرۈش كېرەك؛ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ «ئىككى تور»دىكى رايون ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ماركېتىنىڭ تورىنى بەرپا قىلىش، مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك؛ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆەيدى ئەشيا ئوبوروتى ئەسلىھەلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەلالاشتۇرۇپ، ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدە ئاۋىياتسىيە، تاشيول - تۆمۈريول قۇرۇقلۇق ترانسپورتى يىغىش - تارقىتىش مەركىزى ھەم ئوتتۇرا، كىچىك شەھەر - بازارلاردا كۆەيدى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش مەركىزى قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

«ئەقلىي ئىقتىدار +» ئىستېمال ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش جەھەتتە، «يولغا قويۇش لايىھەسى»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: 5G تورى قاتارلىق ئۇچۇر ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، 5Gنى سودىدا قوللىنىش، چوڭقۇر ئەمەلىي قوللىنىش ۋە كېڭەيتىشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ جەمئىيەت ئاممىۋى مۇلازىمەت ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان بىر تۈركۈم بۇلۇت مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، تور ۋە تور سىرتى يۇغۇرۇلما مۇلازىمەتكە تىرەك بولۇش كېرەك؛ يېشىل - ئورگانىك، يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىل، نەرسە تورى قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك مەھسۇلاتلار ۋە ساغلاملىق، مائارىپ، كۈتۈنۈش، تەنتەربىيە، پۇل مۇئامىلە، ئۇچۇر بىخەتەرلىكى قاتارلىق ساھەلەردىكى مۇلازىمەت ئېتىراپىنى قانات يايدۇرۇپ، يېشىل ئىشلەپچىقىرىش ۋە يېشىل ئىستېمالغا يېتەكچىلىك قىلىپ، يېشىل تەرەققىياتنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

«بىر ناھىيەدە بىر سورت بولۇش» «كۆپ ناھىيەدە بىر سورت بولۇش»نى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىپ، كېۋەز سورتى كۆپ، ئارىلاش، قالايمىقان بولۇش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش ئارقىلىق، پاختىنىڭ سۈپىتىنى مەنبەدىن ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت.

مۇخبىرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز كېۋەز سورتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى پاختىنىڭ ئومۇمىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، پاختىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى مۇھىم تەدبىر قىلىپ، ھەرقايسى جايلارنى ئۆز يېرىدە تېرىشقا ماس كېلىدىغان ئەلا سۈپەتلىك كېۋەز سورتىنى پائال تاللاپ ئىشلىتىش ۋە كېڭەيتىش - كۆپەيتىشكە يېتەكلەپ، خام ماتېرىيال پاختا سۈپىتىنىڭ بىردەكلىكىنى ئۆستۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قاتتىق بولغان تاۋار ئۇرۇق سۈپەت بىخەتەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتى تەڭ ئەلا بولغان كېۋەز سورتلىرىنى كېڭەيتىپ ئەمەلىي قوللىنىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنىدىغان ئەلا سۈپەتلىك كېۋەز سورتلىرىنى پائال تاللاپ يېتىشتۈرۈپ، ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنىدىغان ئەلا سۈپەتلىك كېۋەز سورتلىرىنىڭ قاپلاش نىسبىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەن.

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئەلا سۈپەتلىك تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىز «سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش» نىشانى بويىچە، پاختا كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا سىجىل تۈرتكە بولماقتا. كېۋەز سورتىدىن ئىبارەت بۇ نېگىزنى ياخشى تۇتقاندىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئەلالاشتۇرۇپ، كېۋەزنىڭ تېرىلىش كۆلىمى 200 مىڭ مودىن ئاشىدىغان 28 ئەلا سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان ناھىيە، شەھەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك پاختا بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەشنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ۋە يۇقىرى ئۆلچەملىك كېۋەزلىك قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، پاختا پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، كەسىپ تەرەققىياتى ئومۇمىي سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

ئىگىلىنىشچە، بۇلتۇر شىنجاڭنىڭ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 38 مىليون 107 مىڭ 500 موغا يەتكەن، ساپ پاختا ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 5 مىليون 2000 توننا بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئومۇمىي كۆلەمنىڭ، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ %76.1ى ۋە %84.9نى ئىگىلىگەن، كېۋەز كۆلىمى، بىرلىك مەھسۇلات، ئومۇمىي مەھسۇلات، تاۋار مىقدارى، يۆتكەپ چىقىرىلىش مىقدارى ئۇدا 25 يىل پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا مۇقىم تۇرغان.